# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماكرو سىياسەت مۇقىم بولۇش، مىكرو سىياسەت جانلىق بولۇش، ئىجتىمائىي سىياسەت تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشتەك ئومۇمىي پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى ۋە مۇقىم، ساغلام پۇل سىياسىتىنى ياخشى يولغا قويۇش كېرەك. مالىيە سىياسىتىنىڭ كۈچەپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى داۋاملىق پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. پۇل سىياسىتىنىڭ بوش ـ چىڭلىقىنى مۇۋاپىق قىلىپ، يۈرۈشتۈرۈشچانلىقىنىڭ مۇۋاپىق، يېتەرلىك بولۇشىنى ساقلاش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش» سەككىز خەتلىك فاڭجېننى زىچ چۆرىدەپ، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپ ئاساسى ئىقتىدارى ۋە كەسىپ زەنجىرى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىچكى ئېھتىياجنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئېھتىياجنى كېڭەيتىپ، يېزا بازىرىنى ئۈنۈملۈك قوزغىتىپ، ئىسلاھات چارىسىنى كۆپ قوللىنىپ ئىستېمالنى كېڭەيتىش كېرەك. ياسىمچىلىق سېلىنمىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، شەھەر ـ بازارلاردىكى كونا مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش، شەھەرلەردىكى ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانلىرى، شەھەر ـ يېزىلاردىكى سوغۇق ساقلاش زەنجىرى ئەشيا ئوبوروتى ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش قۇرۇلۇشلىرىنى يولغا قويۇش، ئۇچۇر تورى قاتارلىق يېڭىچە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. تۈزۈلمە ـ مېخانىزم ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش قەدەمىنى تېزلىتىپ، شەھەرلەر توپىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كونكرېت تەدبىر قوللىنىپ پۈرقاۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىپ قەرزنى كەينىگە سۈرەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. «مۇردا كارخانا»لارنى تازىلاشنى تېزلىتىش كېرەك. ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەش كېرەك. سىرتقا ئېچىۋېتىشنى زورايتىپ، بىر قاتار مۇھىم، زور ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. پۇل مۇئامىلىنىڭ تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى ياسىمچىلىق، پۈرقاۋى كارخانىلارغا قارىتىلغان ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشىنى كۆپەيتىشكە يېتەكلەپ، خەۋپ ـ خەتەرنى بىر تەرەپ قىلىش رىتىمى ۋە سالمىقىنى ياخشى ئىگىلەپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر، پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىش كېرەك. پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بۆلىكىدە بەلگىلەنگەن ئورۇندا چىڭ تۇرۇپ، ئۇچۇر ئاشكارىلاش يادرو قىلىنغان رويىختەكە ئېلىش تۈزۈمىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۆينى پۇل تېپىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلماي، تۇراقلىق قىلىشتىن ئىبارەت بەلگىلەنگەن ئورۇندا چىڭ تۇرۇپ، ئۆي ـ مۈلۈكنى ئۇزاق ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆي ـ مۈلۈكنى قىسقا مۇددەتلىك ئىقتىسادقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋاستە قىلماسلىق كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، دېھقان ئىشلەمچىلەر، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر قاتارلىق نۇقتىلىق توپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بازار تەمناتى ۋە مال باھاسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نىزاملارنى تۈزۈش خىزمىتىنىڭ بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزدى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئىككىنى قوغداش»نى تۈپ پرىنسىپ ۋە باش ۋەزىپە قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيەنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ـ بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇل بولۇپ، مەسئۇلىيەتنى ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا جەزمەن قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ جەزمەن جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشتە جەزمەن قاتتىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۈزۈمنىڭ مۇتلەقلىقىنى تىكلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگورۇپپا)لار سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى نازارەت قىلىش مەخسۇس مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىشى كېرەك. پارتىيەنىڭ خىزمەت ئورگانلىرى مەۋقەنى ئۆز ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىگە قويۇپ، دادىللىق بىلەن جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈپ، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. قاتتىق باشقۇرۇش بىلەن كۆيۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈش، رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن چەكلەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلگەن، كېيىن ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان كادىرلاردىن شەرتكە ئۇيغۇن كېلىپ ئىشلىتىشكە تېگىشلىكلىرىنى داۋاملىق ئىشلىتىپ، روشەن بولغان ئىش قىلىش يۆنىلىشى تۇرغۇزۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆزىتىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈشتە يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان نازارەت قىلىش تورى ئورنىتىش توغرىسىدا ئېنىق ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. مەركەز كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ تەلىپىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈچ نۆۋەتلىك كۆزىتىشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، مەركەز باشقۇرىدىغان كارخانىلارنى تولۇق قاپلاشنى تاماملاپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كۆزىتىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مەركەز باشقۇرىدىغان كارخانىلارنىڭ پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش ئېڭى ۋە مەسئۇلىيىتى كۆرۈنەرلىك كۈچىيىپ، ئىسلاھات ـ تەرەققىياتتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى، دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپىلەرنى قوشتى، ئەمما يەنە بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ساقلانغان. كۆزىتىش، تۈزىتىش ۋە نەتىجىنى تەتبىقلاشنى ياخشى تۇتۇپ، تۈزىتىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەت ۋە نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، تۈزىتىشنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتگورۇپپا(پارتكوم)لارنىڭ سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، پارتىيە ۋە دۆلەت يۈكلىگەن مەسئۇلىيەت، بۇرچنى ئادا قىلىپ، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك. تۈزىتىشنى كۈندىلىك نازارەت قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بەلگىلىمە، ئىنتىزام، قانۇن بويىچە مەسىلە يىپ ئۇچىنى بىر تەرەپ قىلىپ، چىرىكلىكنى جازالاش ـ تۈزەشنىڭ يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى ساقلاپ، «تۆت خاھىش»نى بوشاشماي چوڭقۇر تۈزەپ، بىرىنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىپ، يوچۇقلارنى تەكشۈرۈپ تېپىپ، نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى تاكاممۇللاشتۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى كارخانىلارنىڭ ھەرقايسى قاتلام دەرىجىسى، ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تۈزىتىشنى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۆزىتىش نەتىجىسىنى ئۇنىۋېرسال ياخشى ئىشلىتىپ، ئىسلاھاتنىڭ سىستېمىلىقلىقى، بىر پۈتۈنلۈكى، ماسلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مەركەز باشقۇرىدىغان كارخانىلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، ئاساسنى چىڭىتىپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ھەم ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى كۆرۈپ، ھەم دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشتا يۈزلىنىشىدە ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى قەتئىي تەۋرەنمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. لى كېچياڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ ئالاقىدار ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئويىنى تونۇشتۇردى.

سۆھبەت يىغىنىدا، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەن ئېشياڭ، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى دىڭ جۇڭلى، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى خاۋ مىڭجىن، دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەي دافېڭ، دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى چېن جۇ، ئادالەتچىلەر پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەن گاڭ، «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋۇ ۋېيخۇا، تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سۇ خۈي، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى گاۋ يۈنلۇڭ، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىلى لى داۋكۈي ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى ئانالىزى ۋە كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدىكى ئويىنى قۇۋۋەتلىدى ھەم ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سىستېما خاراكتېرلىك پەن ـ تېخنىكا ئىستراتېگىيەسى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى قىلىش، تېخنىكا بازىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىلغار ياسىمچىلىق ۋە زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ساغلاملىق كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، مەمۇرىيەت ئۈنۈم ـ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، بازارغا مۇلازىمەت قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇش، پۈرقاۋى كارخانىلارنىڭ مۇھىم، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى پۈرقاۋى كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش، سىرتقا چىققان كارخانىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش، ئەركىن سودا سىناق رايونى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىش، «بىر بەلباغ، بىر يول» يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقى ۋە ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق يىل. بۇ يىلدىن بۇيان، چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولدى، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلىدى، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ، دىققەتنى يېڭىلىق يارىتىپ تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىش، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ مىكرو سۇبيېكتلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بىر قاتار يۇقىرى سۈپەتلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى مۇھىم پايدىلانما بىلەن تەمىنلىدى. بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزى ئۈلگە باشلاپ نامرات رايونلارغا بېرىپ، دىققەتنى نىشان ـ ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە دېموكراتىك نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غېمىنى يېدى، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى چىقاردى. شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن يولداشلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: كۆپچىلىك سۆزىدە ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم قانداق قىلىپ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئانالىز قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش، كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا قاراتمىلىقى ناھايىتى كۈچلۈك كونكرېت پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئاكتىپ قوبۇل قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كېيىنكى يېرىم يىلدا، بىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يۈرۈشلۈك تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزىمىز، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇشى، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك. شى جىنپىڭ كۆپچىلىككە ئۈچ ئۈمىدنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، ئىشەنچنى كۈچەيتىش، ئىرادىنى چىڭىتىش كېرەك. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى، لېكىن ئىقتىسادىي تەرەققىيات دۇچ كېلىۋاتقان خەلقئارا مۇھىت ۋە دۆلەت ئىچى شارائىتىدا چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. بىز پەقەت ئىرادىنى ساقلاپ، مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرساقلا، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەش داۋامىدا ئەمەلىي كۈچىمىزنى ئاشۇرساقلا، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا يوشۇرۇن كۈچىمىزنى قازساقلا، پائال ئىلگىرىلەش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت ئاچساقلا، جۇڭگونىڭ ئىقتىساد پاراخوتى چوقۇم دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەيدۇ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلالايدۇ. كۆپچىلىكنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت توغرىسىدىكى ئانالىزى ۋە ھۆكۈمىنى توغرا ئىگىلەپ، كەڭ ئەزالارنى ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، ئىرادىنى چىڭىتىپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىككىنچىدىن، دىققەتنى نۇقتىلىق نىشان ـ ۋەزىپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش، ئەقىل كۆرسىتىش، كۈچ قوشۇش كېرەك. دۆلىتىمىز ئىقتىسادى ئاللىبۇرۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك ئېشىش باسقۇچىدىن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا يۈزلەندى، تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئالماشتۇرۇش ئۇنداق ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. كۆپچىلىكنىڭ دىققەتنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان نۇقتىلىق مەسىلىلەرگە، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەركىم ئۆزىنىڭ كەسىپ ئالاھىدىلىكى ۋە خاس ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئاساسى بار، قىممىتى بار پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۈچىنچىدىن، تەرەققىيات يولىدىكى قىيىنچىلىق، خىرىسلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى كۆڭۈل قويۇپ تولۇق ئادا قىلىش كېرەك. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بىز ئاجايىپ مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتتۇق. بىز ھەم جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنىڭ پارلاق بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىپ، ھەم يولنىڭ ئەگرى ـ توقايلىقى، قىيىنچىلىقنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى تولۇق تونۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىپ، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىشىمىز، خەۋپ ـ خەتەرنى بىخەتەرلىككە ئايلاندۇرۇش، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك. كۆپچىلىكنىڭ بايرىقى روشەن ھالدا باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، خاتا گەپ ـ سۆزلەرگە دادىل رەددىيە بېرىپ، جۇڭگو ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، جۇڭگو ئاكتىپ كۈچىنى پائال تارقىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

دىڭ شۆشياڭ، لىيۇ خې، سۈن چۈنلەن، خۇ چۈنخۇا، يوۋ چۈەن، ۋاڭ يۇڭ، شياۋ جيې، خې لىفېڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان پارتىيە سىرتىدىكى زاتلاردىن يەنە چېن شياۋگۇاڭ، جېڭ جيەنباڭ، گۇ شېڭزۇ، لىيۇ شىنچېڭ، خې ۋېي، شاۋ خۇڭ ۋە جياڭ زوجۈن، لى يۈفېڭ، جاڭ بوجۈن، جاڭ داۋخۇڭ، لى شىجيې، جۇ يۈڭشىن، ياڭ جېن، ساۋ خۇڭمىڭ، لەي مىڭ، خۇاڭ رۇڭ، ئوۋياڭ چاڭچيۇڭ قاتارلىقلار بار.